شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

# كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش ئېلىپ كەلگەن ئىللىقلىق: 100 مىليوندىن ئارتۇق كىشى «كەپىدىن بىناغا كۆچتى»

### باش شۇجى كۆڭۈل بۆلگەن يۇقىرىلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلار

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

«كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش مىليونلىغان ئاممىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىشىگە مۇناسىۋەتلىك.»... پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ كوناشەھەر رايونى ۋە كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىشكە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى، ئۇ كۆپ قېتىم نەق مەيداندا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: كەپىلىك مەھەللە، كوناشەھەر رايونىدىكى ئاممىنىڭ تۇرالغۇسىنى تېخىمۇ راھەت، تۇرمۇشىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ، كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، كۆپچىلىكنى زامانىۋى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىۋاسىتە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە تۈرتكىسىدە، كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پۈختا ئالغا سىلجىتىلدى، قىسقىغىنا نەچچە يىلدا، 100 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە «كەپىدىن بىناغا كۆچۈپ»، ئەمىن ئۆي ئارزۇسىغا يەتتى.

### ■ «ئولتۇراقلىشىشتىن غەم قىلىش»تىن «ياخشى ئولتۇراقلىشىش»قىچە

8 ـ ئايدىكى ئىچكى موڭغۇل ئائېرشەن شەھىرىدە ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق ئىدى. تۆپتۈز ئۆسكەن ھىنگان بال قارىغىيى رەت ـ رەت سېلىنغان كۆركەم كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش بىنالىرىنى ئوراپ تۇراتتى. 79 ياشلىق گو يۈشىي خوتۇنى بىلەن بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق ئېگىز بىنادا ئولتۇرىدىغان بولدى.

«ئۆيگە توكلۇق سۇ ئىسسىتقۇ، تەرەت تۈگى ئورنىتىلغان، تۇرمۇش ناھايىتى قولايلىق. قىشتا مەركەزلەشتۈرۈپ پار بېرىلىدۇ، ئەدىيال يېپىنىپلا ياخشى ئۇخلىغىلى بولىدۇ. ھازىر ھەقىقەتەنمۇ بەختتىن ھوزۇرلاندۇق» دېدى لاۋ گو بەختلىك كۈلۈمسىرەپ.

بەش يىل ئىلگىرى، باش شۇجى شى جىنپىڭ نۆلدىن تۆۋەن 30 نەچچە سېلسىيە گرادۇسلۇق قەھرىتان سوغۇقتا قارىماي، چېگرا رايونغا جايلاشقان ئائېرشەن شەھىرىگە كەلگەن ھەم قىيىنچىلىقى بار ئورمانچىلىق ئىشچىسى گو يۈشىينىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئەھۋال ئىگىلىگەندى. گو يۈشىي قاتارلىق ئاممىنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنىڭ يەنىلا بىرقەدەر ناچار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يەرلىكتىكى كادىرلارغا كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈپ چىقىپ، ئاممىنى بالدۇرراق يېڭى ئۆيگە كۆچۈرۈشنى تاپىلىغانىدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، ئائېرشەن شەھىرى كەپىلىك مەھەللىلەرنى چوڭ كۆلەمدە ئۆزگەرتىشنى باشلىدى. 2014 ـ يىلدىن ھازىرغىچە، يەرلىك جەمئىي 4 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىپ كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتتى. بۈگۈنكى كۈندە، گو يۈشىيگە ئوخشاش 10 مىڭ 200 ئائىلىلىك ئامما، ئولتۇراقلىشىشتىن غەم قىلىشتىن خاتىرجەم ئولتۇراقلىشىشقا يۈزلەندى.

دەرەخلەر سايە تاشلىغان، ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرگەن، يوللار پاكىز... خۇبېينىڭ ۋۇخەن شەھىرى چىڭشەن رايونى چىڭيىجۇ مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق لىيۇ گۈيخۇا ئىچ ـ ئىچىدىن ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: «ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىمىز بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كەتتى!»

2018 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ خۇبېيدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا، ۋۇخەن شەھىرىنىڭ چىڭشەن رايونى ئىشچىلار كەنتى كوچىسىغا كەلدى. «كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش مىليونلىغان ئاممىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىشىگە مۇناسىۋەتلىك. شەھىرىمىزنىڭ بىر تەرىپى ئېگىز كاتتا بىنالار، يەنە بىر تەرىپى پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار كەپىلىك مەھەللە بولسا بولمايدۇ.» باش شۇجىنىڭ سۆزىدىن يەرلىكتىكى ئاممىلار چوڭقۇر مېھرىبانلىقنى ھېس قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ۋۇخەن چىڭشەن رايونىدىكى كەپىلىك مەھەللىدە ئولتۇرىدىغان 13 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە، 40 مىڭدىن ئارتۇق كىشى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، لىيۇ گۈيخۇا ئائىلىسىمۇ 2015 ـ يىلى يېڭى مەھەللىگە كۆچۈپ كىردى.

2013 ـ يىلدىن بۈگۈنگىچە، دۆلىتىمىز كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىشنى زور كۆلەمدە ئالغا سىلجىتىپ، تارىخىي خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى، 2013 ـ يىلدىن 2017 ـ يىلغىچە تۈرلۈك كەپىلىك مەھەللىلەردىكى جەمئىي 26 مىليون 450 مىڭ يۈرۈش ئۆينى ئۆزگەرتىپ، 60 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە نەپ يەتكۈزدى، ئۆزگەرتىلگەن ئۆي سانى ۋە نەپ يەتكۈزگەن ئاھالىنىڭ سانى ئوتتۇرىچە 2008 ـ يىلدىن 2012 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكىدىن بىر قاتلاندى. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مەملىكەت مىقياسىدا 100 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە «كەپىدىن بىناغا كۆچتى»، تۇرالغۇ شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

### ■ «ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتۈش»تىن «ئەھمىيەت بېرىش»كىچە

كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىشنى پۇرسەت بىلىپ، تەرەققىياتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، ئۇل ئەسلىھەلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، ئاممىۋى مۇلازىمەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، كەپىلىك مەھەللىدىن كۆچكەن ئاممىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى روشەن ئۆستۈردى.

ئائېرشەن شەھىرى يېڭىشى كوچىسى يىلىن مەھەللىسىدە، سۇ يەنمېينىڭ ئۆيى ئىنتايىن چىرايلىق، ئۆزگىچە سەرەمجانلاشتۇرۇلغان، بېلىق قاچىسىدا رەڭگارەڭ ئىسسىق بەلباغ بېلىقلىرى بېقىلغان بولۇپ، بالكونغا گۈل تەشتەكلىرى تىزىلغانىدى. «شەھەردە نەچچە ئون يىل تۇرۇپ، ئەمدىلا ھەقىقىي شەھەر تۇرمۇشىغا ئېرىشتىم» دېدى سۇ يەنمېي ھاياجانلانغان ھالدا.

يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن قاتتىق دېتاللار ياخشىلاندى، كەپىلىك مەھەللىدىن كۆچكەن ئاممىنىڭ مەدەنىيلىك ساپاسىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆستى. ۋۇخەن چىڭشەن رايونى چىڭشىنجۇ مەھەللىسىدىكى يۇ دۇڭمېي مۇنداق دېدى: يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىدە ئۆزگىرىش بولدى، «يېڭى كۆچۈپ كەلگەندە، كەپىلىك مەھەللىدىن كۆچكەن ئاھالىلەردە قالايمىقان ئەخلەت تاشلايدىغان، بىنادىن نەرسە تاشلايدىغان ناچار ئادەت بار ئىدى، مەھەللىنىڭ تەشۋىق قىلىشى ۋە يېتەكلىشى بىلەن ھازىر مەھەللىمىزنىڭ مۇھىتى پاكىز، ھەممە ئادەم مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇپ كەتتى».

«كەپىلىك مەھەللە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، يېڭى ئۆيىمىز بولۇپلا قالماي، يەنە يېڭى ئائىلىمىزمۇ بار بولدى.» چاڭشا شەھىرىنىڭ شياڭيا يولى كوچىسى ۋېنچاڭگې مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق لىيۇ جىجۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھازىر ھەر كۈنى ياشانغانلار پائالىيەت مەركىزىگە بېرىپ ناخشا ئېيتىدىكەن، مەھەللە ئۆتكۈزگەن تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىكەن. «تۇرالغۇ مۇھىتىمىز ياخشىلاندى، تۇرمۇشىمىزمۇ تېخىمۇ مول، رەڭگارەڭ بولۇپ كەتتى».

مۇخبىرلار ئىچكى موڭغۇل، خۇبېي، خۇنەن قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولۇپ شۇنى ھېس قىلدىكى، كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، شەھەرلەرنىڭ قىياپىتى كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلانغان. ھەر قايسى رايونلار كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، يول، ئېلېكتىر ئېنېرگىيە، يېقىلغۇ گاز قاتارلىق يۈرۈشلۈك ئۇل ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرگەن، يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئەخلەتنى بىر تەرەپ قىلىش، مەركەزلەشتۈرۈپ پار بېرىش قاتارلىق تۈرلەرنى كەينى ـ كەينىدىن ئىشقا كىرىشتۈرگەن ھەم باغچە ۋە مەيدان قۇرۇپ، شەھەرنىڭ سۈپىتى ۋە ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگەن.

### ■ ئۈمىد قىلىشتىن گۈللىنىشكىچە

كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ھەم ئاممىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلايدىغان ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى، ھەم ئاممىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىدىغان خۇشال ـ خۇرام ئىشلەش قۇرۇلۇشى.

ئائېرشەن شەھىرىنىڭ يېڭىشى كوچىسى كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىپ مەركەزلىك ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى بولغان يېڭى ئۈمىد مەھەللىسىدە چاڭ جىفېڭ بىر تالالا بازىرى ئاچقان بولۇپ، مال جازىسى تاۋارلار بىلەن لىق تولغان، سودىسى يامان ئەمەس ئىدى. 2014 ـ يىلى كەپىلىك مەھەللىلەر ئۆزگەرتىلگەندە، ئۇ ئورۇنلاشتۇرۇش پۇلىدىن 200 نەچچە مىڭ يۈەنگە بۇ دۇكاننى سېتىۋالغانىدى. چاڭ جىفېڭ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرىكى ئۆيىمىز بەك كونىراپ كەتكەنىدى، مۇقىم كىرىمىمىز يوق ئىدى، كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش ئائىلىمىزدىكىلەرنى يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى.» ھازىر، ئۇنىڭ ئائىلىسى يەنە يېڭى ئۆي، ئاپتوموبىل سېتىۋاپتۇ، بۇ يىل دۇكىنىنى داۋاملىق كېڭەيتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ.

چاڭشا شەھىرىنىڭ شىمالىي فۇرۇڭ يولىدىكى كەپىلىك مەھەللىدىن كۆچكەن ئاھالە لى بىرۇ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىشەنچكە تولغان ھالدا يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئوغلىنى ئۆيلەش تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش ئىدى. «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىزدەك كەپىلىك مەھەللىدىن كۆچكەن ئاممىنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ، بىز بۇنىڭدىن ھەم تەسىرلەندۇق ھەم مىننەتدار بولدۇق» دېدى لى بىرۇ.

كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىشتىن مەنپەئەتلەنگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋۇخەن شەھىرىنىڭ چىڭشەن رايونى چىڭيىجۇ مەھەللىسىدىكى 78 ياشلىق بوۋاي ۋۇ چۈەنفا خۇبېي مەنبەن قوشىقى «بەختكە ئېرىشكەندە كومپارتىيەنى ئۇنتۇمايمىز»نى ئىجاد قىلىپ، ۋۇخەندىكى ئۈچ بازاردا 100 مەيداندىن ئارتۇق ئويۇن قويۇپ، پارتىيەنىڭ كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش ياخشى سىياسىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. بۇلتۇر ۋۇ چۈەنفا يەنە پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇندى، «كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا، بىزدەك كەپىلىك مەھەللىدە ئولتۇرغان ئاھالىلەرنىڭ ياخشى كۈنلىرى بولمايتتى، مەن پارتىيە تەشكىلاتىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىمەن».

كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا تەرەققىيات قۇرۇلۇشى بولۇپ، سېلىنما، ئىستېمال ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدى. 2008 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىشكە تەخمىنەن 9 تىرىليون 700 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىش تاماملاندى، كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە تۈرتكە بولغان ئالاقىدار كەسىپلەرگە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 2017 ـ يىلى 20 تىرىليون يۈەندىن ئاشتى.

ئائېرشەن شەھىرىنىڭ كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە تولۇق قاتناشقان مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى جاۋ دېچۈەن مۇنداق دېدى: كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، كەڭ كادىرلار ئامما بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى ھەقىقىي ماھارەتنى يېتىلدۈردى، خەلققە باغلىغان سەممىي مۇھەببەت قەلبىگە چوڭقۇر ئورنىدى؛ كەپىلىك مەھەللىدىن كۆچكەن ئامما پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلدى، روھىي ھالىتى تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ بولدى. «كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش پارتىيە بىلەن ئاممىنى تۇتاشتۇرىدىغان قەلب كۆۋرۈكى سالدى».

ئائېرشەن شەھىرىدىكى كەپىلىك مەھەللىدىن كۆچكەن 80 ياشلىق ئاھالە بى دېيەنخۇا مۇنداق دېدى: پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەرەققىياتنىڭ پايدىسىنى پۇقرالارغا تارقىتىپ بېرىپ، كۆپچىلىكنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى، «مېنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر ئارزۇيۇم 100 ياشقىچە ياشاش».

**(مۇخبىرلار يۇ چاڭخۇڭ، ئەن لۇمېڭ، ۋاڭ جىڭ، لياۋ جۈن، ياڭ جيەن، ۋاڭ يۈلىڭ)**
**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيەنىڭ نەزەرىيە ۋە لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى يېڭى «لوۋشەن ئۆتكىلى»، «لازىكوۋ»لاردىن ئۈزلۈكسىز ھالقىپ ئۆتۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخىي مۇساپىسىدە يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەر يولىدا ياخشى مېڭىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «سالتەنەتلىك 70 يىل. كۈرەشچان يېڭى دەۋر —— مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش» باش تېمىسىدىكى زىيارەت پائالىيىتىنى خۇلاسىلاش سۆھبەت يىغىنى گەنسۇ خۇيىنىڭدا ئېچىلدى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، پۈتۈن مەملىكەت ئاخبارات سېپىدىكىلەرگە ئۇلۇغ ئۇزۇن سەپەر روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيەنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەر يولىدا جاسارەت بىلەن ياخشى مېڭىش چاقىرىقى قىلىندى.

بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغانلىقىنىڭ 85 يىللىقى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئۇنتۇماي، ئۇلۇغ ئۇزۇن سەپەر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقى ۋە تاپشۇرۇقىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىگىچە، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى «سالتەنەتلىك 70 يىل. كۈرەشچان يېڭى دەۋر —— مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش» باش تېمىسىدىكى زىيارەت پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 1300دىن ئارتۇق مۇخبىر ئەينى يىلدىكى قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەر قەدىمىنىڭ ئىزىنى بويلاپ، نەق مەيدانغا چوڭقۇر چۆكۈپ زىيارەت قىلىپ، جەمئىي 16 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ، جانلىق، تەسىرلىك، شەكلى كۆپ خىل 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر ئېلان قىلدى، توردىكى ئومۇمىي كۆرۈلۈش ۋە ئوقۇلۇش مىقدارى 2 مىليارد قېتىمغا يېقىنلىشىپ، جەمئىيەتتە قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى.

---

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن شېنجېننىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ئالدىن يولغا قويۇش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇشنى قوللاش توغرىسىدىكى پىكىرنى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پىكىردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شېنجېننىڭ تەرەققىيات نىشانى: 2025 ـ يىلغا بارغاندا، شېنجېننىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، تەرەققىيات سۈپىتىنى پۈتۈن يەر شارىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، تەتقىق قىلىپ ئېچىش سېلىنما سىجىللىقى، كەسىپلەردە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيەگە يەتكۈزۈپ، مەدەنىيەت يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيەگە يەتكۈزۈپ، زامانىۋىلاشقان، خەلقئارالاشقان يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش. 2035 ـ يىلغا بارغاندا، شېنجېننىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندۇرۇپ، شەھەر ئومۇميۈزلۈك رىقابەت كۈچىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزۈپ، يەرشارى تەسىر كۈچىگە ئىگە يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش، ئىجادىيەت مەركىزىي شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندۇرۇش. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، شېنجېننى تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ قىياپەتتە دۇنيادىكى ئىلغار شەھەرلەر ئارىسىدا قەد كۆتۈرگۈزۈپ، رىقابەت كۈچى، يېڭىلىق يارىتىش كۈچى، تەسىر كۈچى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان يەرشارىۋى ئۆلچەم بايرىقى شەھەرگە ئايلاندۇرۇش.

---

## قېچىپ يۈرگىنىگە 19 يىل بولغان خۇاڭ ۋېنجۈن ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تۇتۇپ كېلىندى

### بۇ شىنجاڭنىڭ ۋەزىپە دائىرىسىدە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قېچىپ يۈرگەنلەرنى قوغلاپ تۇتۇش، زاڭ مالنى قايتۇرۇۋېلىشتىكى تۇنجى قېتىملىق قېچىپ يۈرگۈچىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى

مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى خەلقئارا قېچىپ يۈرگەنلەرنى قوغلاپ تۇتۇش، زاڭ مالنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشخانىسىنىڭ بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇشى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، دۆربىلجىن ناھىيەسىدىكى ئىككى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى ئارقىلىق، قېچىپ يۈرگىنىگە 19 يىل بولغان ۋەزىپە دائىرىسىدە جىنايەت ئۆتكۈزگەن گۇماندار خۇاڭ ۋېنجۈن 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋەزىپە دائىرىسىدە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قېچىپ يۈرگەنلەرنى قوغلاپ تۇتۇش، زاڭ مالنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، تۇنجى بولۇپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان قېچىپ يۈرگۈچى.

خۇاڭ ۋېنجۈن، ئەر، 1966 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۇغۇلغان، تارباغاتاي ۋىلايىتى دۆربىلجىن ناھىيەلىك تۇرۇبا سۈيى شىركىتىنىڭ سابىق دىرېكتورى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولۇشىچە، خۇاڭ ۋېنجۈن ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەت پۇلىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان، ئۇنىڭ قىلمىشى خىيانەتچىلىك جىنايىتىگە چېتىلىدۇ. 2000 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، خۇاڭ ۋېنجۈن جىنايىتىدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىپ، ئىز ـ دېرىكى بولمىغان. 2000 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتى دۆربىلجىن ناھىيەلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خۇاڭ ۋېنجۈننى دېلو تۇرغۇزۇپ تەھقىقلىگەن. دۆلەت رېۋىزىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدىن كېيىن، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك، دۆربىلجىن ناھىيەلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرى مەخسۇس بەن قۇرۇپ، خۇاڭ ۋېنجۈننى قوغلاپ تۇتۇش، زاڭ مالنى قايتۇرۇۋېلىش خىزمىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرغان. قانۇننىڭ ھەيۋىسى ۋە سىياسەتنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە خۇاڭ ۋېنجۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان.

ئاپتونوم رايونلۇق قېچىپ يۈرگەنلەرنى قوغلاپ تۇتۇش ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: خۇاڭ ۋېنجۈننىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى دۆلەت رېۋىزىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قويۇپ بەرگەن غايەت زور ھەيۋە ۋە تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى. كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونلۇق قېچىپ يۈرگەنلەرنى قوغلاپ تۇتۇش ئىشخانىسى مەركەز قېچىپ يۈرگەنلەرنى قوغلاپ تۇتۇش ئىشخانىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەزىپە دائىرىسىدە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قېچىپ يۈرگەنلەرنى قوغلاپ تۇتۇش، زاڭ مالنى قايتۇرۇۋېلىش مەخسۇس ھەرىكىتىنى پۈختا قانات يايدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋەزىپە دائىرىسىدە جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە چېتىشلىق دېلو تۇرغۇزۇلغان قېچىپ يۈرگۈچىلەرنى خام خىيالدىن ۋاز كېچىپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، پۇرسەتنى قەدىرلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرىدۇ.

---

## 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى باھالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش جايىدا بولۇش، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى تۇتۇش جايىدا بولۇش تەلىپىنى چىڭ ئىگىلەپ، جەريانىنى باھالاشنى نەتىجىنى باھالاش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئامما باھالاش، ئەمەلىيەت ئارقىلىق تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، بولۇپمۇ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى ئۆلچەم قىلىپ، باھالاش نەتىجىسىنىڭ ئوبيېكتىپ، چىن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: باھالاش خىزمىتىنى ئاساسلىقى مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى، ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ ھەر قايسى كەسىپ سىستېمىسىدىكى سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزدىتىش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەشكىلىي رەھبەرلىك قاتارلىق جەھەتلەردىن، كۈندىلىك ھەيدەكچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىش، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلەش ئاساسىدا كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش، ئىختىيارىي ئۆلچەش ـ باھالاشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرى، ئاممىنىڭ باھاسىنى ئىگىلەيدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك باھالايدۇ. ھەر قايسى رايونلار، ھەر قايسى تارماقلار، ھەر قايسى ئورۇنلار ئۇقتۇرۇشتىكى تەلەپ بويىچە، نازارەت ـ ئىدارە دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى بىرلىك قىلىپ ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ، باھالايدۇ.